شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 12 - ئاي
19
پەيشەنبە
维吾尔文 12 月19日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57   ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com   24914 - سان   بۈگۈن 8 بەت

شى جىنپىڭ سۈي شىئەن بىلەن كۆرۈشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئاۋمېن، 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى جۇڭفا، چېن جيەنشىڭ) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاۋمېندا ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى سۈي شىئەن بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ سۈي شىئەنگە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: سىز ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرلۇق ئىش ئورنىدا ئون يىل جان كۆيدۈرۈپ، تىرىشىپ، ئەستايىدىل خىزمەت قىلدىڭىز. سىزنىڭ يېتەكچىلىكىڭىزدە، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ ئىش بېجىرىپ، سالماقلىق بىلەن مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ نەتىجە ياراتتى، مەيلى دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاشتا بولسۇن، ياكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەمدە ئىچكىرى رايونلار بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تاشقى ئالاقىنى كېڭەيتىش قاتارلىقلاردا بولسۇن ھەممىسىدە نۇرغۇن يېڭى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاۋمېننىڭ گۈللىنىگەن،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ۋە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 5 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ ھەم ئاۋمېننى كۆزدىن كەچۈرىدۇ

شى جىنپىڭ ئاۋمېنغا يېتىپ باردى

ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى سۈي شىئەن قاتارلىقلار ئايروپورتقا چىقىپ كۈتۈۋالدى

12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مەخسۇس ئايروپىلاندا ئاۋمېنغا يېتىپ باردى، 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ۋە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 5 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ ھەم ئاۋمېننى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. سۈرەتتە: شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى پېڭ لىيۈەن قارشى ئالغىلى چىققان كىشىلەر توپىغا ئېھتىرام بىلدۈرمەكتە. ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شې خۇەنچى فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئاۋمېن، 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار چېن جيەنشىڭ، گو شىن) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن كېيىن مەخسۇس ئايروپىلاندا ئاۋمېنغا يېتىپ باردى، 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ۋە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 5 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ ھەم ئاۋمېننى كۆزدىن كەچۈرىدۇ.

سائەت 16لەردە، شى جىنپىڭ ئولتۇرغان مەخسۇس ئايروپىلان ئاۋمېن خەلقئارا ئايروپورتىغا ئاستا - ئاستا قوندى. شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى پېڭ لىيۈەن ئايروپىلان بۆلمىسىدىن چىقىپ، قارشى ئېلىشقا چىققان كىشىلەر توپىغا قول ئىشارىتى قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈردى. ئاۋمېن ساقچى ئوركېستىرى قىزغىن، شاد - خۇرام قارشى ئېلىش مۇزىكىسىنى ئورۇنلىدى، نەق مەيدان قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدى. ئايروپىلان شوتىسى يېنىدا ئاۋمېنلىق ئىككى ئۆسمۈر شى جىنپىڭ ۋە پېڭ لىيۈەنگە گۈل تەقدىم قىلدى. ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى سۈي شىئەن ۋە رەپىقىسى خو خۇيفېننىڭ ھەمراھلىقىدا، شى جىنپىڭ ۋە پېڭ لىيۈەن قارشى ئېلىشقا چىققان خادىملار بىلەن سەمىمىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئاۋمېنلىق نەچچە يۈز ياش - ئۆسمۈر ۋە ھەر ساھە ئاممىسى ۋەكىللىرى دۆلەت بايرىقى، ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ رايون بايرىقى ۋە گۈللەرنى پۇلاڭلىتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى.

شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىم ئاۋمېنغا كېلىشى دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكىلەرنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىغان بولۇپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك 100دىن ئارتۇق مۇخبىر ئايروپورتتا كۈتۈپ تۇراتتى. شى جىنپىڭ زىيارەت رايونىغا كېلىپ نەق مەيداندىكى مۇخبىرلاردىن ئەھۋال سورىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: مەن يەنە بىر قېتىم گۈزەل ئاۋمېنغا كەلگەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشال. بۇ يىل بىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلىدۇق. ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقى بۇ يىل پۈتۈن مەملىكەت خەلقى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان يەنە بىر چوڭ ئىش. مەن مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ۋە گۈزەل تىلەكلەرنى تىلەيمەن.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئىشەنچنى چىڭىتىپ كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيلى

—— ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐ **گېزىتىمىز ئوبزورچىسى**

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە دۇچ كېلىدىغان پۇرسەت ۋە خىرىسلارنى چوڭقۇر ئانالىز قىلىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنى كۆزلەپ جەزمەن ياخشى تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك ئون تۈرلۈك نۇقتىلىق ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز جەزمەن ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپىگە قەتئىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، پۇرسەت ئەۋزەللىكنى ئىگىلەپ، ئىشەنچ ۋە ئىرادىنى چىڭىتىپ، كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

بۇ يىلدىن بۇيان، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەت ۋە مۈشكۈل ۋەزىپە ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئەندىزىدە يېڭىلىق يارىتىش   جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈش

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىر تۈركۈم مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولغان بىر يىلدا

مۇخبىرىمىز **شى شىن**، پىراكتىكانت **جاۋ شىڭپىڭ**: ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون تۈرلەرنى ئالغا سىلجىتىش مەخسۇس بەنزىسىنى تەشكىللەپ قۇرۇپ، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر، رايون) دىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك تۈرلەرنى ئالغا سىلجىتىش خىزمەت بىرلەشمە ھەرىكەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، بىر تۈركۈم مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرگەن.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئايرودرومى تۈر قۇرۇلۇشى سالمىقى مىسلىسىز بولدى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دۆلەتنىڭ موڭغۇلكۈرە ئايرودرومى، كېرىيە ئايرودرومى، تاشقورغان ئايرودرومىدىن ئىبارەت يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان ئۈچ ئايرودروم تۈرىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتىنى تەستىقلىشىنى قولغا كەلتۈردى، بىر يىل ئىچىدە بىرلا ۋاقىتتا چۆچەك ئايروپورتى، ئالتاي ئايرودرومى، ئۈرۈمچى ئايروپورتى قاتارلىق سەككىز ئايرودرومدا قۇرۇلۇش باشلاندى.

(ئاخىرى 7 - بەتتە)

شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغدايمەن

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى **يۈسۈپ مۇھەممەدى**

يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا ۋە قانۇن بويىچە قوللانغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىگە خالىغانچە بوھتان چاپلاپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوققا چىقىرىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى نەزەرگە ئالمىدى، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلدى،

(ئاخىرى 5 - بەتتە)

ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى قوغدايمەن

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى **خەلچەم ئىسلام**

يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلدى، بۇ، نامدا «كىشىلىك ھوقۇق»، ئەمەلىيەتتە «زوراۋانلىق» بولۇپ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە بولغان بىر تەرەپلىمە قاراش بىلەن تولغان، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوققا چىقىرىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى نەزەرگە ئالمىدى، بۇ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى بولمىغان قوش ئۆلچىمى ۋە ساختا،

(ئاخىرى 5 - بەتتە)

چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي كېڭىشى خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەش كېرەك

شۆھرەت زاكىر، لى پېڭشىن قاتناشتى   نۇرلان ئابىلمەجىن رىياسەتچىلىك قىلدى

مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، لى پېڭشىن، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، رەئىس نۇرلان ئابىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى پارتىيەنىڭ خەلق سىياسىي كېڭىشى نەزەرىيەسىنى يەنىمۇ بېيىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭى دەۋردە خەلق سىياسىي كېڭىشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي كېڭىشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك.

چېن چۈەنگو پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشقان مۇھىم تۆھپىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋاكالىتەن شىنجاڭ خەلق سىياسىي كېڭىشىگە قاتناشقان ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار، ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى.

چېن چۈەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خەلق سىياسىي كېڭىشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئورتاق ئىدىيەۋى - سىياسىي ئاساسنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئاساسىي ئوقى قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مۇلازىمەت قىلىش،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 14 - قېتىملىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 14 - قېتىملىق يىغىنى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شىنجاڭ خەلق سارىيىدا 1 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن 53 كىشى يىغىنغا قاتناشتى، بۇ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

لى پېڭشىن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پۇختا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ غۇلجا شەھىرى، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسى، نىلقا ناھىيەسى، كۈنەس ناھىيەسىگە بېرىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋە پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلار قاتارلىقلار بىردەك مۇنداق بىلدۈردى ——

ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، بىر نىيەتتە تەڭ ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغدايمىز

3 - بەتتە